# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سېپىتى يۇقىرى بولدى، تۇرمۇش ئۈمىدكە تولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## تۇرمۇشقا ئۈمىد بېغىشلاش

گەرچە چىللە كۈنلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئاتۇش شەھەردىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاغۇ يېزىسى يەنىلا ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رازىگۈل تۇرامەت يېزىدىكى ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتىدا باتارىيە ئۆزىكىنى ئەپچىللىك بىلەن پاياتلاۋاتاتتى. دەم ئېلىش ۋاقتىدا، ئۇ دائىم زاۋۇتتىن چىقىپ يىراقتىكى تاغقا نەزەر سالاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئۆيى تاغ ئېتىكىدە بولۇپ، ئىلگىرى يامغۇر ياغسىلا ئۇ قىيان كېلىپ ئۆيىنى ئېقىتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

2019 ـ يىلى، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش يولغا قويۇلدى، رازىگۈل ئائىلىسىدىكىلەر تاغدىن چۈشۈپ، كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش رايونىغا كۆچۈپ كەلدى، ئۇ سېخقا كىرىپ ئىشلەپ، يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى باشلانغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز نامرات ئاممىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ، يېزا ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 675 مىڭ 600 نامرات ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 584 مىڭ 900 ئائىلە بار. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ خەتەرلىك ئۆيلەردە تۇرۇش تارىخىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بەردى.

نامرات ئاممىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلغانلىقىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز دىققىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قىيىن نۇقتىغا ھۇجۇم قىلىپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۇرلەرنى كۈچەيتىپ، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە داۋالاش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى دەل جايىدا يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۇرالغۇ كاپالىتىنى دەل جايىدا يولغا قويۇپ، نامرات ئاممىنى ھەقىقىي بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈردى.

— نامراتلىقنىڭ ئەۋلاد ئارا داۋاملىشىشى ئۈزۈپ تاشلاندى. ئاپتونوم رايونىمىز يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىدا ئوقۇشتىن قېلىشنى تىزگىنلەش، ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «مۇكاپاتلاش، قەرز بېرىش، ياردەم بېرىش، ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش، كېمەيتىش»تىن ئىبارەت كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىستېمىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىپ، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ «بىرمۇ بالىنى ئائىلىسى نامرات بولۇش سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قالدۇرماسلىق، ئوقۇشتىن توختىتىپ قويماسلىق»تەك تەنتەنىلىك ۋەدىسىنى نەقلەشتۈردى.

— «ساغلاملىق مۇداپىئە لىنىيەسى» بەرپا قىلىندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نامرات ئاھالىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى 100%كە يەتتى؛ نامرات ئاغرىقلارنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى بېكىتىلگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشىدا «ئالدى بىلەن داۋالاش، ئاندىن ھەق تۆلەش» ۋە «بىر كۆزنەكلىك» راسچوت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ يېزا، كەنت دوختۇرخانا(داۋالاش ئۆيى)لىرىنىڭ ئۆلچەملىشىش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

ئۆسمۈرلەر مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولدى، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولدى، بالىلار يەسلىگە كىرەلەيدىغان بولدى، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان بولدى... ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك تەدبىرلەر نامرات ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ئۈمىد بېغىشلىدى.

## تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىش

2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامرات ئاھالىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى، يېزا تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى ۋە نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى يانداش ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى، بۇ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ھەل قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«تۇرمۇشىمىز ياخشىلاندى، نېمىلا ئىش قىلساق ئىشەنچىمىز بار.» قاراقاش ناھىيەسى قاراساي بازىرى قۇمبويى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇرسۇنتوختى تۇرسۇنباقى: ئىلگىرى تۆگە باقاتتىم، بېقىشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى بىلمىگەچكە، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ناھايىتى تۆۋەن ئىدى، دېدى. 2019 ـ يىلى، كەنتتىكى نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭغا نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلىپ بەردى ھەم كەنت ئاھالىلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، تۇرسۇنتوختىنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىللىق بىلەن قاتتىق ئىشلەپ، تۆگە باقمىچىلىقىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى، يىللىق كىرىمى 40 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

تۈن پەردىسى يېپىلغاندا، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى قوغۇنچى كەنتىدىكى قۇياش ئېنېرگىيەلىك يول چىراغلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يېنىپ، كەنتتىكى قاتتىقلاشتۇرۇلغان يوللارنى يورۇتىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا ئىنتىلىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتىدۇ.

قوغۇنچى كەنتى ئىلگىرى ئېغىر نامرات كەنت ئىدى، نامراتلىق قالپىقىنى بالدۇرراق ئېلىۋېتىش ئۈچۈن، كەنت ماھارەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ـ كەنت پارتىيە مەكتىپى، دېھقان ـ چارۋىچىلار كەچلىك مەكتىپى سۇپىسىدىن پايدىلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى ۋە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلىدى، كەنت ئاھالىلىرى تېخنىكىغا تايىنىپ پۇل تاپتى، ھەممىنى بارغانسېرى تومپايدى. كەنت ئاھالىلىرى خۇشال ھالدا: «ھازىر تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېيىشتى.

تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىش كۆز قاراشنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولدى. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا بازىرى توغرايار كەنتىدىكى ئاياللار ئىلگىرى يۈزىنى ئېچىپ يالاڭباش يۈرۈشكە پېتىنالمايتتى، ھازىر زامانىۋى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، نۇرغۇن ئاياللار ھەيدەش كىنىشكىسى ئالدى، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىدى. بۇ يەردە ئاياللار يېرىم دۇنيالىق رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

قەشقەر شەھىرىنىڭ پاختەكلى يېزىسى يۇقارقى قاقۇللا كەنتىدە، كەنت ئاھالىلىرى شال تېرىپ، خاس مەھسۇلات سېتىپ، يۇقراۋى قونالغۇ ئېچىپ، ساياھەتچىلەرنى بۇ يەرگە كېلىپ گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىش، يۇرت سېغىنىشنى بېسىشقا تەكلىپ قىلدى، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق خاس مەھسۇلاتى بولغان گۈرۈچنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ساتتى، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسى «دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلى»گە ئايلاندى.

دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3600 مېتىر كېلىدىغان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدە، ۋەچە يېزىسىنىڭ شەرافدى كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى پارنىك ياساپ، كۆكتات تېرىپ، گۈل تېرىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى بارغانسېرى كېڭەيتتى.

## كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۇرلەرنى كۈچەيتىش

مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ئاقساقمارال يېزىسى تەڭبازار كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق روزى ئەنۋەرنىڭ يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى، مېڭىگە قان چۈشۈش ئاسارىتى بولۇپ، دائىم ناھىيەدىكى دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتەتتى، ھەربىر كەت قىلىشى قولايسىز بولغاچقا، ناھىيەگە بېرىپ كېسەل كۆرسەتكەندە ئاپتوموبىل ئىجارىگە ئالاتتى.

2017 ـ يىلدىن باشلاپ، يېزىلىق دوختۇرخانا ھەر يىلى ئۇنىڭ بىلەن ئائىلە دوختۇرى مۇلازىمىتى كېلىشىمى ئىمزالىدى، دوختۇر ئۇنىڭ ئۆيىگە قەرەلسىز بېرىپ، كېسەلنى ھەقسىز داۋالىدى. «بىز دېھقانلارمۇ ئائىلە دوختۇرى مۇلازىمىتىدىن بەھرىلىنەلەيدىغان بولدۇق، بۇ ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ئىش ئىدى» دېدى روزى ھاياجانلانغان ھالدا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مەبلەغ سېلىنمىسىنى زورايتىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە شارائىتىنى ياخشىلاشنى تېزلەتتى، نۇرغۇن رايونلاردا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىشى قىيىن بولۇش، توك ئىشلىتىشى قىيىن بولۇش، مەكتەپتە ئوقۇشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، خەۋەرلىشىشى قىيىن بولۇش قاتارلىق ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلىنماي كەلگەن كونا، چوڭ قىيىن مەسىلىلەر ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىندى، يېزا ـ بازار يوللىرىنىڭ قاتتىقلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى، شارائىتى ھازىرلانغان ئىشتاتلىق كەنتلەرنىڭ يوللىرىنىڭ قاتتىقلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى، ئېغىر نامرات كەنتلەرگە ئوپتىك تالا يەتكۈزۈلۈپ، ئومۇميۈزلۈك قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2018 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى تۈرىنى يولغا قويدى، بۇ تۈر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى بارلىق ئېغىر نامرات كەنتلەرنى قاپلىدى. بۈگۈنكى كۈندە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى چەت ـ ياقا نامرات رايونلاردا «چوڭ ئېلېكتر تورى»نىڭ ئۇزارتىلىشى، قاپلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تەمىنلىگەن توكنىڭ بېسىمى تۆۋەن بولۇش، ئىشەنچلىك دەرىجىسى ناچار بولۇش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەر ھەل قىلىندى.

قاتار ـ قاتار «تۆتتە ياخشى يېزا يولى»لىرى، قاتار ـ قاتار يورۇق يول چىراغلىرى، قاتار ـ قاتار يۇقىرى سۈرئەتلىك ئوپتىك تالالار يېزا ـ كەنتلەرگە تۇتاشتۇرۇلۇپ، خەلق قەلبىنى يورۇتتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىش يولىنى ئاچتى، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچى ۋە تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىزنىڭ يەنە بۇ ئالدامچىنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ بەتبەشىرە ئىچكى ماھىيىتىنى، رەزىل، نومۇسسىز قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلىشىمىز ھاجەتسىز ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كاپشىغان ئاۋازىنىڭ دۇنيا خەلقىنىڭ قۇلىقىنى بىزار قىلىشىغا يول قويماسلىق، ئۇنىڭ غالجىرلاشقان چۈپرەندىلەرچە ھالىتىنىڭ دۇنيا خەلقىنىڭ كۆزىنى توسۇپ قويۇشىغا يول قويماسلىق، ئۇنىڭ سېسىق گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، پومپېئونىڭ كۆڭلى ئاخىرلىشىش ئالدىدىكى يالغان ـ ياۋىداق سۆزىنى ئېچىپ تاشلىشىم زۆرۈر.

پومپېئو شىنجاڭ «جازا لاگېرى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەردىن مىليون ئادەمنى قانۇنسىز قاماپ قويدى، زىيانكەشلىك قىلدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز پىتنە ـ ئىغۋا بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي ئالدامچىلىق رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۆرۈشىنى قانات يايدۇرۇشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەققانىي تەدبىر. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئەمەلىيەتتە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشى، بىرەر ماھارەت ئىگىلىشى، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان تەربىيەلەش مەكتىپى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنى كەسپىي دەرس بويىچە تەربىيەلەپ ۋە ھەقسىز ياتاق ـ تاماق بىلەن تەمىنلەپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋاپىق ئېھتىياجىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى ۋە ئۇنى قاندۇردى. 2019 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» بويىچە تەلىم ـ تەربىيەگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلىدى، نورمال تۇرمۇش كەچۈردى. بۇ خىل مەكتەپنى قانداقمۇ «جازا لاگېرى» ۋە «قانۇنسىز قاماش، زىيانكەشلىك قىلىش» دېگىلى بولسۇن؟! پومپېئو شىنجاڭدا ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي بىمەنە سەپسەتە بولۇپ، ئۇنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان ناچار خاراكتېرىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىپ، كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشى، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئەڭ زور چەكتە ياردەم بەردى. شىنجاڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدى. ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش جەريانىدا، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەر ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن كەسىپ تاللاپ، باراۋەر بولۇش، ئۆزى ئىختىيار قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ئالاقىدار كارخانىلار بىلەن قانۇن بويىچە ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، مۇناسىپ ئىش ھەققىگە ئېرىشتى، ئۇلار ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىنى تاللاشتىمۇ تامامەن ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولدى، بۇ قانداقمۇ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» بولسۇن؟ پومپېئو شىنجاڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى چەكلەپ، ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتا ئىرقىي يوقىتىشنى يولغا قويدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي ئاغزىغا كەلگەنچە جۆيلۈش، قىلچە ئاساسسىز گەپ ئويدۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىشكە ئۇستا رەزىل قىلمىشىنى تەلتۆكۈس ئاشكارىلىدى. شىنجاڭ قانۇن بويىچە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويدى، ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىزچىل سىجىل ئېشىۋاتىدۇ. 2010 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تەربىيەلىنىش دەرىجىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، تۇغۇت قارىشىدا ئۆزگىرىش بولدى، تېخىمۇ كۆپ ھەر مىللەت ئاممىسى كېچىك تۇي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش، ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇشنى ئىختىيارىي تاللىيالايدىغان، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك، مۇۋاپىق تۇغۇتنى تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئۆز ئالدىغا تاللىيالايدىغان بولدى، «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش» مەسىلىسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. پومپېئو شىنجاڭ «دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇردى» «ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقى ـ مەنپەئىتىدىن مەھرۇم قىلدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي ئىچى يامانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان لۈكچەكلىك قىلمىشىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. شىنجاڭدا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقنى پۇقرالار تامامەن ئۆز ئالدىغا تاللايدۇ، شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۇسۇلى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى. پومپېئو پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭ دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇردى، دەپ ئاساسسىز بوھتان چاپلىدى، مەن ئۇنىڭغا قانداق جىن چاپلاشقانلىقىنى ھەققەتەن بىلمىدىم! پومپېئو «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى ئۆتكۈزدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ جۇڭگونى قالايمىقانلاشتۇرۇشتەك رەزىل غەرىزىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، ھەر مىللەت ئامما چىن كۆڭلىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. مەن پومپېئو دېگەن بۇ نومۇسسىزنىڭ ئاتالمىش «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى ئۆتكۈزدى» دېيىشكە قانداق ئاساسى بارلىقىنى بىلمىدىم!

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئىشەنچىمىز بار، ئىرادىمىز بار، غەيرىتىمىز بار. بۇ ئۇلۇغ مۇساپىگە دەخلى يەتكۈزۈش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش، توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق ئەخمىقانە خام خىياللار ئاخىردا چۈمۈلىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتماقچى، ياچۇقىنىڭ ھارۋىنى توسماقچى بولغىنىدەك ئىش بولۇپ، مۇقەررەر تارىخنىڭ «چوڭ سۈپۈرگىسى» تەرىپىدىن تارىخنىڭ «ئەخلەت دۆۋىسى»گە سۈپۈرۈپ تاشلىۋېتىلىدۇ!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پومپېئو زوراۋانلىق، تېررورلۇققا يول قويىدىغان، مەدەت بېرىدىغان پەردە ئارقىسىدىكى قارا قول. پومپېئو شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم ۋەزىيىتىنى كۆرۈشنى خالىماي، «تېررورلۇق ئارقىلىق جۇڭگونى چەكلەش»تەك رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى زوراۋانلىق، تېررورلۇق تەشكىلاتى دەپ بېكىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى بىر تەرەپلىمە جاكارلاپ، ئوچۇقتىن ئوچۇق زوراۋان، تېررورچى كۈچلەرنىڭ ئارقا تىرەكى ۋە كۈشكۈرتكۈچىسى بولۇپ، «شەرقىي تۈركىستان» زوراۋان، تېررورچى كۈچلىرىگە ئىزچىل يول قويدى، مەدەت بەردى، سېسىق نامى پۇر كەتكەن زوراۋان، تېررورچى، بۆلگۈنچى تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشتى، ھەتتا ئۇلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاقلاپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا قوش ئۆلچەم قوللاندى. بۇ، پومپېئونىڭ «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش»تەك رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

پومپېئو قالدۇق زەھىرى تۆت ئەتراپقا تارقالغان يالغان ـ ياۋىداق سۆز ماشىنىسى. ئۇ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، بوھتان چاپلاش ھۈنىرىنى قايتا ـ قايتا بارلىق كۈچى بىلەن ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭغا ھە دەپ ھۇجۇم قىلىپ، بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەنلىك. پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شىنجاڭدىكى ئالەمشۇمۇل زور ئۆزگىرىشلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى، شۇنداقلا پومپېئونىڭ سەپسەتىلىرىنىڭ بىمەنە، كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. پومپېئو ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئاخىرلىشىدىغان پەيتتە، «شىنجاڭغا ئالاقىدار» قارالمىدا غالجىرلىق بىلەن تۆھمەت قىلدى، ئۇ مۇقەررەر تارىخنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ!

پومپېئو مەخسۇس قارا چاپلاشقا ماھىر غالجىرلاشقان چۈپرەندە. ئۇ شىنجاڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى چەكلەپ، ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتا ئىرقىي يوقىتىشنى يولغا قويدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز گەپ. ئەمەلىيەتتە، 2010 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. پومپېئو بىر قوللۇق ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر پولاتتەك پاكىت ئالدىدا ئۆزلۈكىدىن بىتچىت بولىدۇ. ئۇ شىنجاڭ «دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇردى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك. ئەكسىچە پومپېئو ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئۇ ئاز سانلىق ئىرق ئەۋلادلىرىنىڭ كەمسىتىلىش ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالماي، مۇسۇلمانلارنى ھە دەپ باستۇردى. سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 75% ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرى ئامېرىكا جەمئىيىتى مۇسۇلمانلارنى ئېغىر كەمسىتىدۇ، دەپ قارايدىكەن. ھەتتا «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق ئامېرىكىدىكى ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىمۇ كۆپ قېتىم ئاقسارايىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان ئىرقىي كەمسىتىش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى مۇراجىئەت قىلدى، ھازىر پۈتۈن دۇنيا «قارا تەنلىكلەرنىڭ جېنىنىڭمۇ جان ئىكەنلىكى»گە دىققەت قىلىۋاتىدۇ. ھازىر، ئامېرىكىدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بىلەن ئۆلگەنلەر 400 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خېلى بىر قىسمى ئاز سانلىق ئىرقتىكىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى. پومپېئو ئۆز دۆلىتىدىكى بۇ مەسىلىلەرنى نەزەرگە ئالماي، ئەكسىچە جۇڭگوغا قارىتا كەلسە ـ كەلمەس بىلجىرلاپ، شىنجاڭ توغرىسىدا ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىقنى ئويدۇرۇپ چىقاردى، بۇ سېپى ئۆزىدىن كۈلكىلىك گەپ.

پومپېئو سېسىق نامى پۇر كەتكەن لۈكچەك مۇتتەھەم بولۇپ، يالغان سۆزلەشكە خۇمار بولغان، ئالدامچىلىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن. جۇڭگوغا تىغ ئۇچىنى قاراتقاندىن باشقا، پومپېئو يەنە ئىران، كۇبا قاتارلىق دۆلەتلەرگە «ئاخىرقى چەك بېسىمى»نى ئىشلەتتى، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىنمۇ تۆزۈت قىلماي، ياۋروپاغا ئۈزلۈكسىز تەھدىت سالدى، بېسىم ئىشلەتتى، «ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە يەم بولۇش قائىدىسى»گە ئېتىقاد قىلىپ، يەككە تەرەپچىللىكنى يولغا قويۇپ، خەلقئارا تەرتىپكە مىسلىسىز خەۋپ يەتكۈزدى. بۇ قېتىمقى شىنجاڭغا قارا چاپلاشتەك بىمەنە قىلمىشى، ئېنىقكى، ۋەزىپىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرىكى يەنە بىر قېتىملىق سىياسىي دەسمايە توپلاش.

ئىت قاۋاۋېرىدۇ، كارۋان يۈرۈۋېرىدۇ. ھەرقانداق يالغان ـ ياۋىداق سۆز ۋە تۆھمەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى بەختلىك بولىدۇ.